نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامى

# ئالدىدا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامى

# ئالدىدا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

面对面：维吾尔文/尼米希依提著．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.6（2009.2 重印）
ISBN 978—7—228—11685—0

Ⅰ.面… Ⅱ.尼… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. I 227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 081050 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 尼米希依提 |
| 编　　者 | 牙里坤·肉孜 |
| 责任编辑 | 买买提吐尔地·米尔孜艾合买提 |
| 责任校对 | 古丽夏尔·尼格买提 |
| 特约校对 | 阿依古丽·亚森 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | 0991—2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷二厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 3.5 |
| 插　　页 | 4 |
| 版　　次 | 2008 年 7 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2009 年 2 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 5001—8000 册 |
| 定　　价 | 11.00 元 |

# نەشرىياتتىن

شائىر نىمشېھىت 1904 ـ يىلى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسى تېزەككايغۇ كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەرمىيا، دادىسىنىڭ ئىسمى ئىبلى، بوۋىسىنىڭ ئىسمى سامساق موللا ئىدى . ئادەتتە تولۇق ئاتالسا نىمشېھىت ئەرمىيا ئىبلى سايرامى دەپ ئاتىلىدۇ .

نىمشېھىت ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەك- تەپتە ئوقۇغان. 1922 ـ يىلدىن 1928 ـ يىلىغىچە باي ۋە كۇچادىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇغان . بۇ چاغدا ئۇنىڭ قوشاق شەكلىدە يازغان «بازار ۋە مازار» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى قولىيازما ھالەتتە ئەل ئىچىگە تارقالغان . 1929 ـ يىلى ئۇ قەشقەرگە بېرىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا داڭلىق «خانلىق مەدرىسە»دە ئوقۇغان . بۇ مەزگىلدە ئۇ «مادارا ئەئىزەم» (چوڭ ياراشتۇرۇش) ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى يېزىپ رويابقا چىقار- غان .

1933 ـ يىلى قەشقەردە زۇلۇمغا قارشى خەلق قوزغىلىڭى پارتلى- غاندا، ئۇ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىشىپ سەپنىڭ ئالدىدا جەڭ قىلغان . جەڭدە بويىنىغا ئوق تېگىپ ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغان ھەم قەش- قەردىكى شۋېد دوختۇرخانىسىدا داۋالانغان . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا نىمشېھىت (يېرىم شېھىت) دېگەن نام سىڭىپ قالغان .

نىمشېھىت 1934 ـ يىلى ساقىيىپ يۇرتى بايغا قايتىپ كەلگەن ھەمدە يېڭى مائارىپ ۋە ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللان- غان . 1936 ـ يىلى 2 ـ ئايدا «بىلىم ئىشقىدا» ناملىق مەشھۇر غەزىلىنى يازغان .

نىمشېھىت 1936 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1945 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە

«ئاقسۇ گېزىتى»دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن . بۇ مەزگىلدە ئۇ «ملىك
ئۆي ۋە پارھاد ـ شېرىن» ناملىق داستانىنى يېزىپ چىققان . 1945 ـ
يىل 10 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئاقسۇغا چۈشكەن
قىسمى بىلەن غۇلجىغا چىقىپ كەتكەن ھەم مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق
شتابى تەشكىل قىلغان «تارىخ يېزىش» ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن . 1948 ـ
يىلى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولغان . مۇشۇ يىللاردا ئۇ «ئاسا-
رەتتە تۇرۇپ قالغانلارغا خىتاب»، «ھەپسىدە كەتكەن دوستۇم ل . مۇ-
تەللىپكە»، «ئالدىدا»، «ۋەتەن قۇربانلىرى خاتىرىسىگە»، «ئويغان»
قاتارلىق مۇھىم شېئىرلىرىنى يازغان . 1950 ـ يىلى يۇرتى باي ناھىيە-
سىگە قايتىپ كېلىپ ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ياشىغان .
1956 ـ يىلى جۇڭگو ھەج ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە 10 غا يېقىن دۆ-
لەتتە زىيارەتتە بولغان . شۇ قېتىمقى سەپەر جەريانىدا «سېغىندىم» ناملىق
مەشھۇر شېئىرىنى يازغان . 1960 ـ يىللاردا ياشىنىپ قالغان بۇ شائىر
كۆپلىگەن رۇبائىي ۋە داستانلارنى يازغان بولسىمۇ ئەمما 1966 ـ يىلى
باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراپ ھەم-
مىسىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئۆزىمۇ ئېغىر قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇپ كۆر-
مىگەن كۈنى قالمىغان . 1970 ـ يىلى ئۇ بالا ـ چاقىلىرى بىلەن قوشۇپ
باي ناھىيە ئومباش گۇڭشېسىنىڭ ئەڭ يىراق 13 ـ دادۈيىگە سۈرگۈن
قىلىنغان . ياشانغاندىكى سورۇقچىلىقلاردىن ئىچى ھەسرەتكە تولغان شا-
ئىر مەشھۇر شېئىرى ـ «پېقىرنىڭ ئىقرارى»نى يازغان، 1971ـ يىل 8ـ
ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئېچىنىشلىق ھالدا بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقان .
بۇ كىتابقا شائىر نىمشېھىتنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بىر
تۈركۈم مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى .



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە


بىلىم ئىشقىدا ........................ 1

باي ناھىيىسىنىڭ ھەسرەتلىك ساداسى ........................ 4

ئوقۇغۇلى كەتكەن ئىنىمغا خەت ........................ 6

ئىلىمگە ئىلھام ........................ 9

ياشلاردىن ئىلتىماس ........................ 11

ئورماندىن گۈلباغ ........................ 13

ھەپسىدە كەتكەن دوستۇم ل. مۇتەللىپكە ........................ 15

ئالدىدا ........................ 19

جىنايەتتىن شىكايەت ........................ 24

ۋەتەن قۇربانلىرى خاتىرىسىگە ........................ 28

دوستلىرىمغا ........................ 30

«ئويغان!» ........................ 35

ۋەتەن مۇھەببىتى ........................ 37

قەبرىدىن ئاۋاز ........................ 38

خاتا ........................ 42

ئالدىدا ........................ 44

خەت ........................ 47

قەلەمنىڭ توۋىسى ........................ 49

ئايرىلدىم ........................ 52

غەزەل ........................ 55

مەرسيە ........................ 58
ئالدىدا ........................ 64
بىر دىلبىرىمگە ........................ 69
ئۇسسۇل ........................ 73
قىز ........................ 77
مۇھەببەت سەۋداسى ........................ 84
چىقسام ناگاھ ئىشىككە ........................ 86
مۇھەببەت ئىپادىسى ........................ 91
سېغىندىم ........................ 93
ئۇچرىشىش ........................ 99
رۇبائىي ۋە پارچىلار ........................ 102



# بىلىم ئىشقىدا

جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار، بولۇر ئۇ گاھىدا بار ـ يوق .
قارا قاشلىق تولۇن ئايلار ساڭا بىرنەچچە كۈن يولداش،
ئەگەر سەن يۈلدىن ئايرىلساڭ، سېنى تاشلايدۇ ھېچ ئار يوق .
كىرىپ كەينىگە نەپسىڭنىڭ، بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتساڭ،
بېشىڭغا چۈشسە بىر كۈنلەر، ئۇ چاغدا سەن كەبى خار يوق .
قۇلاق سالساڭ مۇھەببەت ئەھلىنىڭ پەريادى ـ ئاھىغا،
يۇتۇپ زەرداپ، پىراقتىن دات دېمەكتىن باشقىچە زار يوق .
تەپەككۇر ئەيلىسەڭ ئىشقى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ھەردەم،
قاراڭغۇ دەر يورۇق دۇنيانى ھەم ئالەم كەبى تار يوق .
يۇرۇپ مەنمۇ گۈزەل ئىزدەپ، جاھالەتكە ئەسىر بولغان،
خالايىق ئالدىدا يۈرسەم، مېنىڭدەك بەلكى ئەغيار يوق .
ھاياتىمغا رەقىبلەر خاتىمە بەرمەكچى بولغاندا
قىلىپ تەۋبە، بولۇپ ئازاد، دېدىم : بۇ يولدا زىنھار يوق .
پاراغەت ئىستىسەڭ، ئەسلا بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتما ! ...
سېنىڭ قەدرىڭنى ساقلاشتا بىلىمدەك ياخشى ھەمكار يوق .
ھاياتلىقتا بىلىم قانداق كىشىنىڭ يولدىشى بولسا،
قەيەرگە بارسا باش قاتماس، بىلىمدەك ئاڭا غەمكار يوق .
بىلىمسىز ساق تېنىڭ مەجرۇھلاردەك نالە ـ پەريادتا،
جاھان ئىچرە بىلىمسىزنىڭ دىلىدەك ئەسكى بىمار يوق .

بىلىمگە ئاشنا بولساڭ ئوقۇش ئىشقىدا بول بۇلبۇل،
ئۆگەنمەككە مائارىپ باغچىسىدەك ياخشى گۈلزار يوق .
بۇ دۇنيانىڭكى قانداق پۇچقىقىغا باش تىقىپ ياتساڭ،
بىلىم تارتىپ چىقار مەيدانىغا ھېچبىر كىمگە ئەخبار يوق .
بىلىم روھى ئوزۇق ئىنسان ھاياتىغا ئەگەر بىلسەڭ،
بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلگەنلەر ئۆلمەس، بۇڭا ئىنكار يوق .
چاپان ھۆرمەتلىرى ھېچ چاغ چاپاندىن ئايرىلىپ قالماس،
كىتەر پۇلدىن يىغىلغان ھۆرمىتىڭ پۇل بىرلە ئەسرار يوق .
چاپان بىرلە ئۆزۈڭنى پارقىراتساڭ بىر بوياقچىسەن،
بىلىم ئەسرى بۈگۈن، سىرلىق چاپانلارغا خېرىدار يوق .
بۇلاردىن قولغا كەلگەن ئابرۇي جىنلار چۇشى ئوخشاش،
خىيالىي بۇ تىلەكتە سەن كەبى باخشىغا جىندار يوق .
گۇمان قىلما پەلەكنى ھەرقاچان بەختىڭگە چۆرگىلىمەس،
بۈگۈن باي، ئەتە سەندەك ھېچ گاداي يوق، بەلكى قەرزدار يوق .
بىلىمدىن چەتتە كۆرگەن دۆلىتىڭ جانىڭ جاپاسىدۇر،
جاپا قىلماققا جېنىغا بىلىمسىزدەك ستەمكار يوق .
بىلىمدىن ھەممە ئىش مەيدانىغا چىققان ئەسىردۇر بۇ،
بىلىش لازىم، بىلىمسىزلەرگە بۇ ئەسىردە خېرىدار يوق .
بىلىمدىن باتىنىڭ① نۇرلانمىسا، كۆڭلۈڭ قاراڭغۇ تۈن،
قۇياش نۇرىغا مۇنكىر ②شەپەرەڭلەرگە مەدەتكار يوق .
زېمىننى توپ قىلىپ ئويناشنى سەن چاقچاق گۇمان قىلما!...
ھەقىقەتتۇر بۈگۈن ھەر ئىش، كەمەك ③تەك جادۇ ـ ھەييار يوق .
ئەجەبلەنمە بۇلار كۆڭلى بىلىم نۇرىدا نۇرلانغان،
شۇنىڭچۈن كۆكتە، سۇدا، تاغ، دېڭىزدا يۈرسە دىشۋار يوق .
بىلىمدىن باغ قىلىشتا تاغنى ھېچقانداق جاپا كۆرمەس،
نادامەتتىن يۇتاردا قان نادانلاردەك جاپاكار يوق .
نادانلار كۆڭلى تۈن ئوخشاش، ئۇنى پەرق ئەتكىلى بولماس،

قارا تۈنگە شەپەرەڭدىن بۆلەك ئەسلا تەلەپكار يوق.
ئۆزۈڭ ھەم، ىمشېھت، بۇ پىكرىنىڭ تەستىقى بول قۇربان،
بىلىمدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر كەبى قاتتىق گۇناھكار يوق .

1936 ـ يىل فېۋرال، باي



① باتىنىڭ ـ ئىچكى دۇنيايىڭ .
② مۇنكىر ـ بۇ يەردە ئۆچ قارشى، دېگەن مەنىدە .
③ كەمەك ـ قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن جەمشىتنىڭ ھەيبارى .

## باي ناھىيىسىنىڭ ھەسرەتلىك ساداسى

كەل، ئەي بادى سابا[1]، ئەرزىمنى ئاڭلا! بىناۋا بايمەن،
نېتەي ھەسرەت بىلەن قان يىغلىماققا مۇپتىلا بايمەن .
ۋەتەننىڭ تۇپرىقىدا مەنمۇ بىر كىشىلىك ئورۇن ئالغاچ،
تاۋارىخ سەھىپىسىگە يېزىلىشقا ئاشنا بايمەن .
دەرىخا، دەردۇ ھالىم سورىغىلى ھېچبىر كىشىم يوقتۇر،
ئېنىڭچۇن ھېچبىر گېزىتلەردە ئېتىم يوق، بىۋاپا بايمەن .
ھەمىشە خىزمىتىم كۆپكە يېتىشلىك، ئات كۆتۈرگەنمەن،
يېرىدىن، ئۆيدىن ئايرىلغان يېتىملەرگە ئاتا بايمەن .
تېخى ھەر نەۋئى مەدەنگە مېنىڭ قۇچاقلىرىم تولغان،
زېمىن ۋە تاغۇ - سۇلار كەڭرىلىكتە پۇر باھا بايمەن .
تاپاخور[2] ئەيلىمەككە مەندە ئوتتۇز جايدا مەكتەپ بار،
مائارىپقا ئىئانە ئەيلىگەن، كۆندە راسا بايمەن .
ئېچىلدى مەندىمۇ دارىلمۇئەللىمىن ئىككى يېرىم ئاي،
قىرىق بەش تەن مۇئەللىمنى قىلغان ئەلگە ئاتا بايمەن .
ئوقۇشقا ياردەم ئەيلەپ چىقاردىم نەچچە مىليون پۇل،
گېزىتكە يازدۇرالماستىن ئۆتۈپ كەتكەن خاپا بايمەن .
ئىئانە پۇللىرىمنىڭ كۆپرەكى ئالتۇن - كۈمۈش پۇلدۇر،
بۇ پۇللار نامىنى ھېچ كۆرمەيىن، كۆڭلۈم قارا[1] بايمەن .
گېزىتتە نەشرى ئەتمەكتىن جاھانغا پاش ئەمەس مەقسەت،
ۋە لېكىن ئەل قاتارىدا ئېتىم يوق بىئاتا بايمەن .
ماڭا «شىنجاڭ»، «يېڭى ھايات»، «ئىلى»، «چۆچەك خەۋەرلىرى»
يەنە «ئاقسۇ ئۇچۇرى» [4]دا ئورۇن يوق بەك خاپا بايمەن.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

سەۋەب كىمدىن، قەيەردىن ماڭا ھېچكىم بىر ئورۇن بەرمەس،
ئېنىڭچۇن ئۇيقۇدىن بېشىم كۆتۈرمەستىن ياتا بايمەن.

1936 ـ يىل ئىيۇل، باي



① بادى سابا – سۇبھى شامىلى، سەھەر شامىلى.
② تاپاخور – پەخىرلىنىش ـ پەخىرلەنمەك.
③ قارا – بۇ يەردە گۇمان مەنىسىدە ئىشلىنىغان.
④ قوش تىرناق ئىچىدىكىلىرى شىنجاڭ ھەم شۇ چاغدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ گېزىتلىرىنىڭ نامـ
لىرى.

# ئوقۇغلى كەتكەن ئىنىمغا خەت

چىمەنلىكتە بۇلبۇل ئەركىن سايرىشىپ كەتسۇن،
ئانا ۋەتەن قۇچىقىدا يايرىشىپ كەتسۇن،
چوغلۇق دىلغا باھار بۇلۇتى ئەترلەر سەپسۇن،
ئىرپان سۈيى ئەلەمزادىلەر قەلبىگە يەتسۇن،
ئوقۇش ئۈچۈن كەتكەن ئىنىم مۇرادىغا يەتسۇن.

ئىلمۇ ـ ئىرپان دولقۇنلىرى مەۋج ئۇرماقتا،
تەشنا لەۋلەر بەھرىلىنىپ سىراپ بولماقتا،
شۇم قۇش ئۇۋىسى بىر تەرەپتىن چۇۋۇلماقتا،
ئوقۇش ـ ئۆگىنىش خەلقىمىزگە زۆرۈر بولماقتا،
قانلار يۇتۇپ شەيتان لەئىن دوزاخقا كەتسۇن.

ئۆلكەم ئىدى ئون يىل بۇرۇن مەيدە ئاغرىقچان،
خەلقىمىزمۇ ھەيكەل بولۇپ قالمىغانتى قان،
شۇمبۇيىلار تېگدە بېسىلىپ قالغانتى رەيھان،
بولمىغان نان ياكى تەندىن چىقمىغان بۇ جان،
تازىلانغان بۇ ئىللەتلەر قايتىپ كەلمىسۇن.

ئۇ كۈنلەردە قۇرۇق سۆھبەت گەۋدىلىك دېھقان،
چۈنكى خەلقنىڭ كۆپى كېسەل، قالغىنى نىمجان،
ئەڭ يۇقىرى دورا بولۇپ «كىرگۈزەتتى جان ...

يالپۇز بىلەن يۇمغاقسۇت، ئارپىبېدىيان ...»
كۆز كۆرمىسۇن، ئىبرەت ئۈچۈن قۇلاق ئىشتىسۇن.

ئۇزاق ئۆتمۈش مۇدھىش ئىدى، شۇنداق بەك يامان،
ھالسىز بەدەن، قانسىز چىراي سارغايغان سامان،
كۆزىمىزگە تار كۆرۈنگەن كەڭرى بۇ جاھان،
ئىسىت!... بىزنى ئەزگەنلەرنىڭ شۇم دەھشەت زامان،
كۆلى ئۆچسۇن كۆككە مەڭگۈ، ئەمدى كەلمىسۇن.

زۇلۇم شۇنداق چەككە يەتكەن، مەن ئىدىم بىتاپ،
تۇيۇقسىزدىن ئەلدىن كەلدى:
– ئويغان!– دەپ خىتاب،
ئەل ئويغاندى، جانلار ئازاد بولدى بىھېساب،
ياڭرىدى دىل، خەلق قۇردى بىلىمگە شىتاب،
دېدى خەلقىم چىن كۆڭلىدىن:
– ھۆرلۈك ياشىسۇن!

جاھالەتنىڭ ئىشكىنى چېقىپ تاشلىدى،
ئوقۇش ئۈچۈن ھەممىمىزگە كەڭ يول باشلىدى،
خەلقىمىز شاد، دۈشمەنلەرنىڭ كۆزىنى ياشلىدى،
نادانلىقنىڭ تورلىرىنى يىرتىپ تاشلىدى،
بۇ يول بىلەن بارلىق خەلقىم مەقسەتكە يەتسۇن.

ئوقۇ ئىنىم، مىنۇت چېغىڭ بوشقا كەتمىسۇن!
جەمئىيەتنىڭ كۈتكەنلىرى بىكار كەتمىسۇن!
ھۇرۇنلۇقتىن ساڭا كېيىن ئەلەم يەتمىسۇن!
خىجىللىقتا يەرگە پېتىپ، بېشىڭ قاتمىسۇن،
تىرىشچان بول! خەلق ساڭا رەھمەتلەر ئېيتسۇن.

جەمئىيىتىم ساڭا ئايرىدى بىر بۆلۈم خىزمەت،
مۇمكىن ئەمەس ئورۇندىماي، ئاڭا قىل دىققەت!
قايتماس روھ بول! كۆرەش ئۈچۈن توپلىغىن غەيرەت،
مەيۈسلەنمە، تاغ ـ داۋاندىن ئاتلا! قىل جۈرئەت،
ئالىي غايەڭ خانتەڭرىدىن ئۈستۈنرەك بولسۇن.

مەخسۇس ئەمەس بۇ ئېيتقىنىم ئىنىمغا تامام،
قۇلاق سالسۇن ئوقۇش ئۈچۈن بارغان خاسۇئام،
تەسىرلەنسۇن بارچە مىللەت پەرزەنتى ئۇكام،
ياش يۈرەكلىك قېرى ئاكاڭ يوللايدۇ سالام...
ئەل خىزمىتى كۆڭلۈڭلەردە يىلتىزلار تارتسۇن.

1944 ـ يىل ماي، ئاقسۇ



# ئېلمگە ئىلهام

يۈرەكتە داغۇ ھەسرەت، دىلدا «ئازادلىق» تەمەنناسى،
نەدۇر ئازاد دېسەم، كۆكسۈمدە بار «قۇللۇق»نىڭ تامغاسى.
ھالال ئەمگەك ھاياتىم، ۋەتەن ھەم ئىدى مىراسىم،
كېلىپ بىر مۇتتەھەم قىلماقتا خوجايىنلىق دەۋاسى.
ھالال رىزقىمنى ئەركسىزلىكتە مىننەتسىز يېيەلمەيمەن،
تۇرالمايدۇ بىر تۇخۇمغا تەڭ، ئۇن توخامنىڭ ھەممە ئەزاسى.
ئەگەر بىركىم بۇ زۇلۇمدىن مىڭ تۈمەنلەپ زارلار قىلسا،
چاتاق يوق تېخى ئاشماقتا ئۇنىڭ سەيلە ـ تاماشاسى.
يېگۈزمەي تارتىۋالغان پۇل ۋە ماللار زادى كىمنىڭكى؟!...
ۋە يا ئەمگەك بىلەن تاپقانمۇ گومىنداڭنىڭ ئىپلاسى!
زۇلۇمنىڭ قامچىسىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆتۈرگەن يوق،
بۇ سۆزنىڭ ھەقلىقىگە شاھىدىم ئىنسانىي دۇنياسى.
قەبىھ دۈشمەنگە قارشى سەن كۈرەشكە چىقمىساڭ ئەسلا،
يۈز ئەللىك يىل ئۆمۈر كۆرۈشكە بارمۇ تەڭرىنىڭ ئىمزاسى؟!
قورال تۇتماي، كۈرەش قىلماي پەقەت ئەركىن ياشىيالمايسەن،
جاھان بازاردا شۇنداقلا ئازادلىقنىڭ سەۋداسى.
قاراقاش ئورنىغا ئەمدى قىلىچنى ياخشىراق سۆيگىن،
ھايات ئۇ، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، كۈرەشكە بولسا ئىخلاسى .
ئېلىڭ، يۇرتۇڭ، ھاياتىڭ ھەمدە ئەۋلادىڭنى قايغۇرماي،
قورساق تويغانغا شۈكۈر ئېيتساڭ بولۇرسەن ھەممىگە ئاسىي .
كېسىپ ـ چاپ، دۈشمىنىڭنىڭ بېشىنى قويما يۇرتۇڭدا! ...
بۇڭا تەكلىپ قىلۇر قەلبىڭدە ۋىجدانىڭنىڭ شولاسى .

ئۇ بەتبەختلەرنى ئىنساپقا كېلدۇ، دەپ ئويلىما ھەرگىز،
كۇرەش قىلماق بۇ كۇندە بولدى ھەممە ئىشنىڭ ئەلاسى.
دىلىڭغا ئەسلا نۇقسان يەتمىسۇن تۇرلۇك گۇمانلاردىن،
گۇلۇڭنى سولدۇرمىسۇن ھەرگىز ئۇلارنىڭ پىتنە ـ ئىغۋاسى.
ئەگەر ئۆلسەڭ شېھىت سەن، ھايات قالساڭ ئېتىڭ غازى،
بۇدۇر ھەقنىڭ كالامى، نىمشېھىتنىڭ ساڭا ئىماسى.

1945 ـ يىل نويابىر، غۇلجا